# شنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 7 ـ ئاي

26

يەكشەنبە

维吾尔文 7 月26日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

新疆日报

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25134 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


شەرقىي جۇڭغار ــ جەنۇبىي ئەنخۇي ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ

## توك يەتكۈزۈش قۇۋۋىتى 8 مىليون كىلوۋاتقا ئۆستۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، شەرقىي جۇڭغار ــ جەنۇبىي ئەنخۇي ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ توك يەتكۈزۈش قۇۋۋىتى 6 مىليون كىلوۋاتتىن 8 مىليون كىلوۋاتقا ئۆستۈرۈلدى. بۇ، بۇ لىنىيەدىكى توك يەتكۈزۈش مىقدارىنىڭ ئىلگىرىكى كۈنىگە تەخمىنەن 120 مىليون كىلوۋات سائەتتىن 192 مىليون كىلوۋات سائەتكە كۆپەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. دۆلەت ئېلېكتر تورى شنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ لىنىيە ھازىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىشلىتىلىۋاتقان 26 ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق لىنىيە ئىچىدىكى قۇۋۋىتى ئەڭ چوڭ لىنىيە ئىكەن.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ـ كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى گو شياۋلۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ لىنىيەدىكى توك يەتكۈزۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ھەر كۈنى خۇادۇڭ رايونىغا 192 مىليون كىلوۋات سائەت ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى يەتكۈزۈلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ئۈمىدكە تولغان دالا، ئىستىقبالى پارلاق مۇنبەت تۇپراق

## ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جىلىندا تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىجېي، خەلق گېزىتى مۇخبىرى دۇ شاڭزې**

بۇ، ئۈمىدكە تولغان دالا ــ

شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما. شەرقىي شىمال رايونى قاتارلىق كونا سانائەت بازىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈشتىن يېڭى بىر نۆۋەتلىك شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشقىچە، ئاندىن شەرقىي شىمال رايونىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى قوللاشقىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېڭى ئۈمىد ئېلىپ كەلدى.

بۇ، ئىستىقبالى پارلاق مۇنبەت تۇپراق ــ

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەرقىي شىمال رايونىغا ئالتە قېتىم بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور ئەجىر سىڭدۈردى.

«شەرقىي شىمالغا كۆپرەك كەلدىم، مەن بۇ يەرنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن. بۇ تۇپراق دۆلىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. يېڭى ۋەزىيەتتە قانداق قىلغاندا شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ؟ مەن بۇ قېتىم مۇشۇ ئوي ـ پىكىر بىلەن كەلدىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە كېيىنكى بەش يىللىق تەرەققىياتنى پىلانلاش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىمەن».

ئىككى يىل ئىلگىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يېڭى دەۋردە شەرقىي شىمالنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش، ھەر تەرەپلىمە گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ بەردى.

«ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش مەزگىلىدىكى ئاچقۇچلۇق پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم شەرقىي شىمالغا كېلىپ، جىلىن ئۆلكىسىدىكى يېزا، مەھەللە، پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى، كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بۇ مۇنبەت تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش، ھەر تەرەپلىمە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، يېڭى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قوشتى.

يېڭى دەۋردىكى شەرقىي شىمال رايونى يېڭى بوسۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، كېلەچىكى گۈزەل، ئىستىقبالى پارلاق.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلايلى

## ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

ھازىر، يەرشارىۋى يۇقۇم ۋە دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن خىرىس مىسلىسىز. ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىش بىزنىڭ تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشىمىزدىكى ئاچقۇچ.

يېقىندا ئېچىلغان كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىرقى قورۇقچىلىق كۈچىيىۋاتقان، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ قالغان، پۈتۈن يەرشارىۋى بازار تارىيىۋاتقان تاشقى مۇھىتتا، بىز جەزمەن كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، دۆلەت ئىچىدە چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

سۈن چۇنلەن شنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئىلمىي، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداش كېرەك



**7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۇنلەن شنجاڭدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن شنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۈرەتتە: 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سۈن چۇنلەن ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭى شەھەر رايونى) مېيلىن خۇايۈەندىكى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈپ ئەۋرىشكە ئېلىش نۇقتىسىغا كېلىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈپ ئەۋرىشكە ئېلىش خىزمىتى ۋە ئاھالىلەرنى تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.**

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۇنلەن 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە شنجاڭغا كېلىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن شنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۈن چۇنلەن ئاپتونوم رايونىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، بېكىتىلگەن قوبۇل قىلىپ داۋالاش دوختۇرخانىلىرى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى، ئايرىش نۇقتىلىرى، مەھەللە ۋە تەكشۈرۈپ ئەۋرىشكە ئېلىش نۇقتىلىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى، چېگرا پورتلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالىنى سىنى ئارقىلىق تەكشۈردى، بىرىنچى سەپتىكى دوختۇر ـ سېستىرالار، مەھەللە كادىرلىرى ۋە ئاھالىلەر، پىدائىيلار، ئايرىۋېتىلگەنلەرنى يوقلىدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جىلىندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ۋە كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جىلىندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ۋە كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جىلىندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك. دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئىلمىي، دەل جايىدا، ياخشى تۇتۇپ، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك. ئۈرۈمچى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈش ۋە تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سالمىقىنى زورايتىپ، مەھەللە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تورىنى زىچ، پۇختا توقۇپ، داۋالاش كۈچى ۋە مۇھىم ماددىي ئەشيالارنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، سەپلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى قىلىشى كېرەك. باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ۋۇۋسكا ئېبىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ سىن يىغىنىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش چوڭ جېڭى، چوڭ سىنىقىدا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۇنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۇنلەننىڭ شنجاڭدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)